

# 養蠶事業

Шелководство

# ايفه‌كچيليك






- ايفه‌ك قورتلارينى تربيه‌قيلو -

- اوجمه - توت درختلارنى

- اوسدرو حقنده رهبر نامه

## Rearing of silkworms




يازوچى - يوسف مظفر




ناشرى: جنوبى اويغورستانده

ايفه‌كچيليك مركزى:

喀什股份公司

كاشغر تجارت و صناعت شركت

مينكوى 24 - 1935 - ١٣٥٤



# 養蠶事業

Шелководство

# ايفه‌كچيليك





- ايفه‌ك قورتلارينى تربيه‌قيلو -

- اوجمه - توت درختلارنى

- اوسدرو حقنده رهبر نامه

**Rearing**

**of silkworms**



ناشرى: جنوبى اويغورستانده

يازوچى - يوسف مظفر

ايفه‌كچيليك مركزى:

喀什股份公司

كاشغر تجارت و صناعت شركت

مينكوى 24 - 1935 - ١٣٥٤

# سوز باشی

## ایفه‌ککچیلیك دهقانچیلیقنك چونك فائده‌لیك بر هنریدور

ایفه‌ك قورتلرنی تربیه قیلماق اوچون آق اوجمه ( توت ) درختلری لازم
دور اوجمه اوسکان جای‌لریده ایفه‌ك قورتلریندەن ملیونلرچه طلالیك فایده
کوروب دونیاده راحت یاشایدورلر . جنوبی اویغورستانده کاشغر یارکند ختن
بولسه دونیاده برنجی فلله اوروغنی هم ایفه‌کنی دونیاغه چیقارغان ـ بولسه هم
اوزی ایفه‌ك چیلیك ایشنی آلغه بیرمسدەن بلکه مینك یل اول بولغاندین پس
درجه‌که کیلمشدور . مدنی مملکتلرده ایفه‌ك چیلیك خقنده مینك لرچه کتاب باصیلوب
مخصوص ایفه‌ك چیلیك دارالفنون مدرسه‌لری بار . ایفه‌کچیلیك فیلله قورتلرنی تربیه
حقنده هم اوجمه یغاچلری حقده اوشبو کتابچه اویغورستانده برنجی آدم بولوب
مشهور متخصص‌لری محمد خان پادشاه خواجه و پلاتوف نینك کتاب
لریندەن آلنوب یازیلدی موندەن کیین ینکی حکومتیمزنینك
یاردمی ایله‌ن اویغورستانده فن کتابلری قتاریده
ایفه‌ك چیلیك حقنده هم چونك کتابلر
اولاچاقدور . اوجمه اوسدیرو
فلله چیقارو اشلرینی آلغه
باصوب دهقانلرغه
بیوك منفعت بیره
چکدور .

## ایفەکچیلک هم ایفەك قورتلری حقندا معلومات.

ایفەك بو کونده طلا قتاریده بر قیمتلی مالدور. اوجمه درختلری بولغان یرلرده هر بر دهقان خصوصاً خاتون قیز آز محنت ایلان جیق فل تاپارلر بو کونده یفك قورتلرینی اینك کوب باقادورغان مملکت بولسه یاپونیه دور. بونده ایفەکچیلیکی بولمغان هیچ بر دهقان عائلەسی یوقدور. بوندەن قالا خطای ایتالیا فرانسه ترکیه مملکتلری بولوب بیزنینك اویغورستان مملکتی بوندەن ۱۵۰۰ یل اول یفەکچیلیك نی دونیاغه تارقاتسه هم بو کونده آرقەده قالوب اوزنی یفك ایلان تاءمین قیلا آلماسدەن یاپونیه هیندوستان روسیه کبی مملکتلردەن آلدیرەلر ایفەك قورتنی اول زمانلرده آدم بالالری بلماس ایدی ایفەك قورتینینك باشلاب تاپیلغان یری خطای مملکتی بولوب باشلاب فایده آلیش نی خطایلر بیلگەنلەر. اوتکان زمانده بر آدم اوجمه درختیکه چافلاشیب یاتقان بر فللەنی تافیب آلغان هم کوزیکه یاخشی کورونوب اویاغیسنی بویاغینی قاراب

« بو نیمه ایکان » دیب تارتیب قاراب ایفه کیلیکنی نهایتده پشغلقنی بیلکه ندهن کین بر مونچهسینی اویکه یغیب کیلکهنده خاتونی فللهلر نیلک تالاسنی تارتب باقیب بر تاراقغه اوخشاش نیمه بیلهن تاراب تاراب آلیب آدهن یب ایکهریب پارچه پارات ایشلریکه توتوبدور کین ایفهك چیلیك آلغه کیتوب خطای ملیکهسی سیلنجی خانم ایفهکچیلیك نی ترقی قیلدورغه کوب یاردم ایتکان ایفهکچیلیك نی خطای لر فقط چیت مملکت لرغه چیقارماسلیك اوچون چیت مملکتلرغه فلله اوروغ نی آلیب چیقان آدملرغه اولوم جزاسی ایدی بونیك اوچون ایفهك چیلك کوب یل لر فقط خطای مملکتنده عائید بولوب قالدی .

## فلله اورو غی قاندای یول ایلان چیت مملکتلرغه چیقدی

برنچی مرتبه فلله اوروغی بزنیك اویغورستان مملکتنده چیقمش هم بو حقده بوندای بر روایت بار خطای خاقانی نیك بر قیزی ختن امیرینه بوندهن ١٥٠٠ یل اول کیلنی لککه تیکان ایکان هم اریکه قانداق بولسهده ایفهك اوروغ نی آلیب بارماقچی بولغان پادشاه قیزی بولسه هم ایفهك اوروغنی چیت ایلکه چیقارسه البته قزغا اولوم جزا بولور ایدی . لاکین قیز چاچنی تاراب چاچ آراسیغه فلله اوروغی سالیب کیلبدور هم شو کوندهن باشلاب ختن کاشغر یارکند طرفلرده ایفهکچیلیك باشلانوب آخرینده اویغورستاندهن بتون دونیاغه تارقالغان

ایغەك قورتلاری باقوب تربیە قیلو دهقان روزکاریغە

چونك فائیدەدور.

حاضرکی ینکی حیاتمزدە بز اویغورستاندە ایغەکچیلك

اشنی الغا صالماقمز لازمدر.

عمومی ایغەکچیلیک قورتنی تربیە قیلو و اوجمە درختلرنی اوسدرو حقندە اوشبو کتابدە یازلغان معلوماتلر دان فائدەلانماقکز تیوشدور.

## قورت باقوچیلارغە مصلحت.

١ ) قورت اوروغ آلغان وقتینکزدە فقط کاشغر تجارت و صناعت شرکتی طرفندەن خارجدەن کیلکان فلله اوروغنی آلینکز.

٢ ) اوروغنی ایلکەریراق آلیب قویغان بولسانکز وقت کیلکونچە قوروق وە صالقون اویدە صاقلانکز ایسیق اویدە قویسانکز قورتی بی وقت چقیب قالیش احتمال دور.

٣ ) اوجمە یفراق چیقاریشقە یاقین کیلکاندە اوروغ نیك قوتەسینی آچیب خالتەسیدین چیقاریب بر تازا آق لاتا پاك آق کاغذ اوستیکە یوفقا قیلیب یایب قوینکز منە شو وقتدە اسیق و قوروق اویدە ساقلایسز.

٤ ) شو ترتيبده قويوب قورتلر اوزيده‌ن اوزی چیقغونچه شاشلماسده‌ن صبر قیلیب تورسانکز وقتی کیلکانده قورتلر اوزیده‌ن اوزی چیقادور .

٥ ) قورتلر تیزراق چیقسون دیب آلاو یاقینیغه یاکه لیپه‌ده ساقلاب چیقار شنی مطلق اویلامانکیز آفتابده. قوروب قالار آلاو آلدیده کویوب قالار لیپه‌ده ساقلاسانکز ده‌می قایتوب اولوب قالادور اگر قورت چیقسه‌ده کسل بولوب چیقادور قورتلر هم آدمغه اوخشاغان تیریك جانواردور آدم بونداغ چونك بولغانی بیلان اسیق صوغاق و بدبوی لیك یاقمایدور کچیك کنه قوروت قانداغ قیلیب چیدای دور شونکه یاخشیلاب توشونوب آلیش کیره‌ك دور .

٦ ) قورتلر چیقا باشلاغاندا هر کونی چیققان قورتلرنی ، کونده کیسینی کونده بوله‌ك قیلب آجراتوب آلونکز هر کونی چیققان قورتلرنی بر بریکه قوشماسدان چونك نی چونکچی کچیکینی کچکچه قیلیب باقارسیز . یانکلش بولماسلیقی اوچون هم باشقه باشقه قاچه‌لرده قویارسز . قورتلر اوروغدان هر کونی ایربه بیله‌ن چیقار هر کونی چیققان قورتلرنی یارم کون بولغانچه غازانك صالیب اولدین تاپارلانکان جایغا آلیب تمام قیلونکز . کیین چیققان قورتلرنی ایرتسی اوشبو یول ایلان آلوب ایکنچی جایکه قوینکز .

٧ ) اوروغدان چیققان قورتلرنی غازانك سالیب احتیاط ایلان آلاسز . الغاندا قورتلر ایزیلماسون چونکه قورت اوروغدان چیققان کون کورنماسلیك قدر مه‌یده بولادور .

٨ ) قورتلرنی اوروغدان آجراتوب الغانکزده آچیلماغان اوروغلر چاپلاشوب

چقسا کین قورتلر چونك کچیك بولوب قالادور . قورتلرنی آرالاش باقودن کیلـکان ضرر جیق دور .

قورتلر کفیله ( شیفه‌ره‌ك ) بولغانده یـکیت وه قیز بولادور منه : شونده‌ن سونك توخوم توغادور و توغدورادور .

٩ ) قورتلرغه خشه‌کی اوجه یفراغیده‌ن بیرینك یفراق لر . سولاشماغان بولسون هول بولماسون یاکه هول‌له‌ب بیریلماسون هم آفتابده ایسب کیتمه‌که‌ن بولسون چانك تفراق بولماسون یفراقنی کیسب الیب کیلیب قورت باقیلغان اویده آزغنه یایب قویوب توختاتیب بیریکیز یفراقنی هول قیلیب برسه‌نکیز قورتلرغه « قاراسان » دیکان کسل تیکه‌دور قورتنکیز قیریلب یوق بولادور . همه‌سی اولماسه هم قالغانلری یارامایدورغان عمان و آزغنه فلله بولادور .

١٠ ) قورتلرغه ینکی آچیلغان وقتیده یفراقنی کونیکه تورت بش مرتبه‌دین کم بیریلماسون توغری‌سی یـکه‌نچه بیریلسون البته یفراق آشیب قالادورغان بولماسون .

١١ ) قورت آچیلغانده‌ن باشلاب ایکنجی اویقوسی غچه یفراقنی فچاق یاکه قایچی بیلان اوشاق‌لاب کسب بیرنکز یفراقنی قولینکیز بیلان اوولاب ایزیب بیرسه‌نکیز یفراقغه قولونکیزنینك زهری اوتوب قالیب قورتلرنینك کسل بولوشغه سبب بولاسز .

١٢ اویقوسنی الغاندان کیین تا تورتونجی اویقوسی غچه یفراقنی بتون بیره‌سز .

١٣ ) تورتونجی اویقوسیدین تورغاندەن صونك یفراقنی ناوتاسی بیلەن برە
رسز تورتونجی اویقوسیدین تورغاندەن صونك یفراقنی بیكەنچە بیرسەنكز كوب
یاخشی اش قیلغان بولورسز اگردە كیچەسی توروب بر ایكی مرتبە یفراق بیر
سەنكز فایدەسی اوزنكزغە كوب بولادور مثلا : قورت توتوشغا (متخصص بولغان
خطایلر. قورتلر فلله اوراشغا) یاقین كیلگاندە كیچە كوندوز برابر آزغینە بولسا
هم بر كوندە قریق مرتبە یفراق بیرەدورلر.

١٤ ) یامغور یاغیب هواسالقون بولغاندە قورتلر كمراق اوقات بیدورلر
اشتهاسی كمیب قالادور .


١٥ ) قورتلر اویقوغا كیرگەندە یفراق بریب تنج سزلەمانك قورتلر بر كون
یاكە بر یارم كون اوخلایدورلر . اویقودان تورغاندە یفراق ایستەب حركتغە
كیریب قالادورلر منە. شو وقتدە یفراق بریش كیرەك قورتلر عمرلری نینك
اچندە آلتە مرتبە توللە یدورلر . یعنی پوستلرینی تاشلایدورلر . تورت مرتبە
قورتلیق وقتیدە بر مرتبە فللە اوراب بولغاندەن كین پوستنی تاشلاب قورچاق
بولوب یاتادور ایكی هفتە اوتكەندەن كین ینە بر مرتبە پوستنی تاشلاب اچیندەن
كپیلە ( شیفەرەك ) بولوب چیقادور . قورت وقتندە تولەكاسینی قورت باقوچیلر
اورتاسندە اوخلاكان دیب ایتیلەدور . توغریسی قورتلر اوخلامایدور تورت
بش كون یفراق یب كتە بولغاندەن كیین پوستی اوزیكە تار كیلیب قالادور منە :
شوندەن سونك پوستنی تاشلاماق اوچون باشینی كوتەریب بر كون یاكی بر یارم
كون قیمرلامای یاتادور : قورتلر باشنی توپەكە قیلب یاتقاندە زورلیق باشیغە

کیلیب باشنده‌کی پوستی ترنك بولوب بوینیده‌کی پوستی یرتیله‌دور شونده‌ن کین آهسته آهسته پوستی نینك اچیده‌ن چیقادور بر آز دم الیب هاردوقی چیقغانده‌ن کین ینه آوقات ایستایدور قورتلر فلله اوراغونچه بش یاشایدور اوروغده‌ن چقانده‌ن باشلاب تا اوخلاغونچه بریاش تولادور .

برنچی اویقوسنی آلغانده‌ن کین ۲ نچی یاشغه قدم قویادور .

ایفه‌ك قورتلرنی تربیه قلماق اوچون کاشغر صحرالارنده


اوجمه درختلری جیق‌دور .



مزار هدایت‌الله ایشان خواجه افاق کاشغر

خصوصاً هدایت‌الله ایشان خواجه افاق مزاری نینك چوره‌سیده اوجمه درختلاری جیق‌دور

برنجی یاشی اوروغدان چققان کونیده‌ن حسابلانادور .




۱ ـ نجی یاشی .
۶ ـ ۵ کون .

۲ ـ نجی یاشی
۵ ـ ٤ کون

۳ ـ نجی یاشی
۶ ـ ۵ کون

٤ ـ نجی یاشی
۷ ـ ۶ ـ کون


۵ ـ نجی یاشی
۱۰ ـ ۹ کون



اولم هم فلله غوزاسی
۳۹ ـ ۳٤ کون
طیار بولادور .

برنجی اویقوسی بر کون ، ۲ نجی اویقوسی بر کون ، ۳ ـ نجی اویقوسی بر یارم کون و ۴ ـ نجی اویقوسی بر یارم کون قورتنك اوروغدان چیقوب غوزا بولوب اولکانی که‌چه تخمیناً ۴۰ کون واقت اوته‌دور بونی کوروب تجربیه قیلوب تورشننك هر جهتدن کوب فایداسی باردور .

۱۶ ) قورتلرنی تازا و قوروق اویلرده باقیلکیز جای تار بولماسون قورت نینک آستی دائما قوروق و تازا بولوب تورسون کورستلکان جاوان قشلاق قورت باقوچیلری اوچون اینک آسان بر یولدور توت یغاچیدن قیلسه بولادور بونکه آرقان و میخ کیرەک ایمس توت پوستلاغی بیلان باغلاسەنکیز کفایه قیلادور بورەنی البته تاپارسز . جاوان نینک ایکیزلیکی اون غاریچ یردین ایکی - غاریچ کوتەریب تکچه قیلورسز هر قابات نینک آراسی اوچ تورت غاریچ بولادور یینی بش آلته غاریچ اوزونلیقینی اوینکیزغه لایق قیلسانکیز



هم بولادور . سوری بر تامانغا آغادرغان بولسه آرقا تامیدن بر اوزون یغاچنی ایکی بورجه کیکه توغری قیلیب باغلانسه قیمرلامایدور بر قابات جوزەنینک کم چیلیکی شولکه بر اویکه کوب قورت سغدوریب بولمایدور اکر اوچ قابات قیلنماسا برقوته اوروغ اوچون کمی اوچ خانه اوی کیرەک بولادور .

۱۷ ) قورت باقیلغان اویکه شمال کیریب تورسون قورتلری اوتکونچی شماللردن ساقلانکیز قورتلر آفتاب یاروغینی بد بویلوقنی و توتونی یمان کورەدورلر . قورت باقیلغان اوینی چومولی ساچقان و قوش آریلردن احتیاط قیلینک قورت نینک یاقین دوشمنی چومولی بولغانلیقدن ساقلاماق اوچون جاوان نینک اوستیکه


آیاغلری تیکیکه ساقال تاواقده سو قوینکیز و سوبی هر اوچ تورت کونده ینکله ب تورینکیز اکرده تابیلسه قاره مایغه لاتانی هوللاب جاوان نینک آیاغیغه باغلاب قویسه هم چومولهدن ساقلاغان بولورسز .

١٨ ) قورتلرنی اویده باقینک آیوان ( آچیق جای ) یالانغاچ تونیکه تام نینک تکیده باقمانکیز قورتنکیزغه ضرر بولادور . قورتنی جاوانده سوریده باقینک اوچ قاواتلیک جاوان قیلب باقسانکیز بو اویکه کوب قورتلر باتادور . آیوانغه کوتهریب آواره بولوب یورماسز جاوانسی اوچ قاوات قیلیب باقسانکیز اون ـ اون بر یاغاچلیک ایکی اویده بر قوته اوروغ باقسانکیز بولادور .

(١٩) قارانکغو اویده قورت باقمانکیز قورت باقادورغان اوی نینک بر تامانی قارانکغو ٢ نجی تامانی یاروغ بولسه قورتلر قارانکغولقده تورماسدن یاروغلوقغه قاراب یغلشب بربری اوستیکه اویولوب قالیب قورت باقوچینی قیناب قویادور قورت باقوچی بولسه توشونمهسدن قورتم تاشبدور دیب سویونوب قویادور براق قورت تاشماغان اوتاشش اوینکیز نینک باقولایلیغیدین کیلکهنینی بیلماکچی بو لسانکیز قارانغی تاماندهغی قورتدهن برخبر آلینکیز قورت تاشقانی نینک قارانکغی طرفدهکی قورتلر نینک قاچقانیدهن ایکانینی کورهسز .

(٢٠) قورتلر فلله اوراشقایاقین کیلکاندهده ستهنی حاضرلاب جاوانینک اطرافیغه قوینکیز قورتلر پشکانده فلله اوراش اوچون حاضرلیق کورهدور اچینی سوروب بوشاتادور رهنکی تینق بولوب سارغاییب مهللهدن بولوب توراضور منه شوندهن کین یفراق عاسدهن کین دهستهکه چیقیب کیتهدور . قورتلر یاییلیب دستهکه

کیره‌دورکه‌ن بولسون اورتا آچوق تورسون کیین قالغان قورتلر بولسا برکون یارم کون یفراق بیریب تورنکیز . .



(٢١) شو کیتابچه‌ده کورستلکه‌ن مصلحتلرنی رعایه قیلیب قورت توتسانکیز قورت باقش ایشنی چلله‌کی اوروغ بولسه اوتوز کونده آق بغداد فلله بولسه قرق کونده تمام بولادور .

(٢٢) دسته قویغانکیزده‌ن کیین قورتلرنینك اوستینی چادر یاکه فه‌رده بیلان اوراب قویمانك اوستی یاپوق بولغانده قورتلرغه هوا تکماسده‌ن دمی قایتوب قالادور کوبلری اوله‌دور . فلله اوراسالار هم قورتلرنی چادر بیله‌ن اوراب قویسانکیز اولوقتده یتمشمه‌که‌ن قورتلر بر موبچه وقت آوقات ایسته‌ب یوروب آخیری ناچارلیکده یاکی « اولکه‌نینك کونیده‌ن » فلله اورایدور فلله‌لری شالاك بولوشی آنیقدور بوندای فلله‌لرنینك بهاسی آرزان بولادور قورتلرنینك اوستی‌نی بیکیتسه‌نکیز قیناب قویوب تریکچیلکده‌ن قالدیره‌سز . جاوانده‌کی بعض قورتلر دسته‌که چیقمای قالغان بولسه یاخشی‌سی اولرنی آجراتیب الیب باشقه باقیش کیره‌ك شونداغ قیلسه‌نکز سزکه آسان بولادور هم یفراق کوب کیتمایدور کیین قالغان قورتلرنی تیریب آلماسده‌ن فلله اوراغونچه پایلاسانکیز ایلکری اوراب قالغان

فللەلردەن كپيلە چيقيب كتشى ياقين احتمالدور اوزنكيز اويلاب كورينك سزنى باشكنز بيلان تەيينكزنى كورفەكە اوراب قويسە ياخشى بولامدور. بارى بارسە يارم ساعتكە چيداسز قورتلر هم سز و بزكە اوخشاش جانلى حيواندور شو مصلحتلركە يورماسانكيز بر مرتبە قورتلرنينك اوستينى اوراماسدەن تجربە قيليب كورينكيز اوندان كين فايدەسنى اوزنكز بلوب آلاسز.

(۲۳) قورتلرنينك همەسى دستەغە كيروب كيتكەندەن كين يتە سكز كون اوتماسدەن فللەنى تيرمەك قورتلر فللە اوراب تورغاندە فللە تيريب اشنكزنى بوزوب قويماك فللەنكزنينك هيدى بوزولوب دبميقيب قالادور. بازارە هم بهاسى آرزان بولادور قورتلر فللەنى تمام اوراب اشيدەن قوتلغاندەن كين فللەنى تيريب آلنك.

(۲٤) فللەنكزنى تيركەن وقتنكزدە فللە كوب بولسون ديب بش اون قارا هم آق پاچاقلريى آرالاش قيلماڭ پاچاقلريى بولاك تيرينك آرالاش قيلسانكز كوب فللەنى افلاس قيليب قويادور و فللەنكزنينك بازاردە آرزان ساتيلشيغا سبب بولاسز.

(۲۵) اوزينكيز قورت اوروغ طيار قيلامن ديب اصلا اويلامانكيز قولدە طيارلانغان اوروغ همە وقت كسل بولادور اوروغ طيارلاش اوچون اوروغچيلرغە مخصوص كوب بيليم كرك بولادور قورت اوروغ طيارلاب ساتسانكيز حكومت قاشيدە عيبدار بولورسز.

(۲٦) دهقانچيليق دەب جايدارى كسل اوروغ توتوب آوارە بولوب يورمك عمرنكيز بيكارغە اوتەدور جايدارى اوروغ اوزينك كسل ليكيدەن باشقە پلەسى

بازارده ایکی برابر ارزان یوره‌دور چونکی ایفه‌کی کم چیقه‌دور . اوروغنی فقط « کاشغر تجارت و صناعت شرکتی » اداره‌سندان آلینکز .

## ( قورتلرنینك کسللری )

بیز قورتلرنینك کسل‌لرینده‌ن اوشبولرنی یازیب اوته‌مز

١) صارق یاکه سیمرش کسلی : بو کسل قورتنك فلله اوراش آلدیده پیدا بولادور قورت وقت سز اوقاتده‌ن قالیب ایفه‌کنی بویرا کبی هر طرفقه تارقاتوب اوزی هم قارایوب اولوب قالادور بونینك اوچون بو کسل قورت‌لرنی سلامت قورتلردین اجرتیب قویماق لازم .

(٢) قاراسان کسلی بولسه اوروغ نینك کسل بولغانیده‌ن یامغورده‌ن هول غازانك‌دین پیدا بولادور بو کسل خترلی کسل هم و باکبی قورتلرنی اولتوره دور ممکن قدر سلامت قورتلرنی آجراتیب آلیب کسل‌لرنی اولتیرمك لازم .

(٣) قارا تابان کسلی بولسه براوی ایماس بلکه بتون ایلمنك‌نینك قورت لرینی خراب قیلادور . بو کسل بولماسون اوچون فقط مشهو مهرلی قوته‌لی پلله اوروغ نی استعمال قیلماق لازم .

(٤) قورت باقغان آدم قول‌لرینی کییم‌لرینی پاکیزه قیلماق لازم کسل بولوب قورتلر قرلوب تورغان یردین کیلکان آدم قولی کیومی ایله کسل نی باشقه یرده‌کی سلامت قورتلرغا آلوب کیله‌بیله‌دور احتیاطلیك بولماق لازم . .


# اوجمه درختلەرینی اوستریش یوللری.

ایفەك قورتلرینی تربیه قیلوب فلله آلماق اوچون اوجمه درختلری لازم: دهقان روز کارنده قانچه اوجمه درختی جیق بولسه شونچه فائده آلیشکه ممکن بولادور.

قورت باقماق اوچون آق اوجمەنینك (غازانکی) نی کرك قرا اوجمه شاه‌توت‌نینك غازانکی کیرەك ایماس چونکه قورت آنچه یاخشی کورمایدور ایکش اوچون هم آق اوجمه آساندور. اوجمه یغاچلری یومشاق و قوروغ یرلرنی خالایدور اوجمه درختی یوز یلغەچه یاشایدور بعضلری اوچیوز یاشکه قدر یاشایدور لاکین اعتبارسز اوسکان درختلر کسل بولوب غازانکی کم بولوب ۳۰ ـ ۲۰ یل یلده قوروب فالادور. اوجمه درختلرینی اوسدورمك اوچون ایکی یول بار برسی اوجمه اوروغینی سپب اوز قولیده اوندورمك ایکنچیسی اوجمه کوچەتلرینی ـ اوتقازیش. اوجمه درختلرنی سپب اوسدیرمك اوچون تیکس جای سوغاریش آسان هر وقت آفتاب توشوب قارامال و باشقه حیوانلردەن صاقلاماق اوچون تاملی جای بولماق لازم. بهارده جای تازالاب قویوب تامام یتکر قیلینادور: اوجمه اوورغی سش اوچون اولکی یلدەن طیارلاماق لازم اوروغنی طیارلاغان وقتده یاخشی آق اوجمه درخت‌نینك تمام پشکان اوجمەلرنی دن آلماق لازم اوروغنی آجراتیب آلیش اوچون سم ایله کنه صالیب قول بیلان ایزوب سو بیلەن یووب شیره‌سیدین اجراتیلەدور کیکین اوروغنی یووب قورتوب صالقین جایده بهارله قدر صاقلانادور. بر درخت ۵۰ جینك اوجمه بیرسه بوندان

بر یاریم جینککنی اوروغ بولسون اوروغنی قتار قیلوب سیپش آسان هم یاش
کوچتلرنی اولترتوش آسان بولادور . اوروغ سپش اوچون بر یغاچ قازیق ایلان
چونهك اوزونلیککه آراسی بش ویرشوك قالدیریب تورت قاتار آرغجه قیلنادور
چونکقورلیقی یاریم یاککهاوچ چارك ویرشوك بولادور سپلکان اوروغ اون ـ
اون بش کوندهن باشلاب چیقادی ـ ۳ ـ ٥ یفراق چیقارغاندهن کین آرتقچهلرنی
سوغوروب تاشلاشغه لازم اوروغ سپلکان چونهك که وقت ـ وقت سوسپب
توروشقه هم تازالاب کوچتنینك تهکینی چاپیب هم بوشا قیلب تورالادور .
زمین که قاراب ٤ دن ۸ مرتبهکه قدر اوتاب تازالاب توریش لازم . بهارده
سپلکان اوروغ کوزکه قدر چونك بولوب آفتابدهن قورقمایدور . یازده هم
کوزده سپلکان اوروغلرنینك اوسووی خترلیدور ۲ نجی یلده بهارده کوکرکان
کوچتلرنی کاولاب آلیب ایکنجی اورونغه کوچهریلهدور . بوندهن مقصد یاش
درختلرغه جیقراق جای بیروب چونك درختلر تربیه قیلماقدور کوچریلهه
تورغان جای آفتاب توشکان هم صوغارشقه قولای هم تیکز یرلر بولماق ـ ۱٦
۲۰ ویرشوك قدرینکی جای هماوروغ سپش که ـ اون اون ایکی ویرشوك چونکقور
لیقده چافیلیب آریق آلینادور لیکین آراسی یارم کز قالدیریوب کوچت ایکیلادی
کوچتلرنی ایککانده احتیاط ایلاب اوزلرینه یاراشا چوقورغا اوتقازیلادیایکی
کوچتنینك آراسینی یارم کزدهن قالدیریب ایکی قاتارنینك اورنیده کچیك
آرقچه اوتکاریب برکز آرا قالدیرماق لازم یاش کوچتلرنی اوتقازیب بولغاندهن
کین تیزدهن ایلدیز باشلاتغانده ییردهن ایکی ویرشوك یوقاریلیقدهن کسیب

تاشلانادی یبکی‌ده‌ن چیقان شاخلرنی بر چونکرا کنی قالدیروب باشقه‌لرنی کیسوب تاشلانادور هم شو کیسونچه اوسوب کیته‌دور یاش درختنی صوغاریب آرتق شاخلرنی کیسوب تورولادور ینه بهارده یاش درخت اوچونچی یاشقه



چیقغانده بهارده اوچ مرتبه اوشوق شاخلرنی کیسوب اساسی شاخلرنی قالدیرلسه یاخشی اوسوب کیته‌دور .

باغلرده زمینلرده اوجمه یاغاچنی قاتار اوندیریب دیوال تام کبی قیلنسه جیق فائده‌لی هم چیرایلیک بولادور ایفه‌ک قورتلرنی تربیه قیلوب اوسترمک اوچون اوجمه درختلری نینک جیق بولماقی لازم : آلته مثقال ( یاکه ۲۵ کرام )لی بر قوته فلله اوروغینه اوتوز بش‌دان الیک توپکه قدر یتیشکه‌ن اوجمه درختی لازم بولادور . یاخشی تربیه قیلغان درختلر غازانکنی هم کوب بیره‌لر بیش یاشده‌کی درخت ۲۵ جینک آلتی یاشده‌کی ٤۰ جینک یته یاشده‌کی ۵۰ جینک ۸ یاشده‌کی ٦۵ جینک ۹ یاشده‌کی ۸۰ جینک ۱۰ یاشده‌کی ۹۰ جینک ۱۵ یاشده‌کی ۱۳۰ جینک ۲۰ یاشده‌کی ۱۵۰ جینک . . .

## اوجمه یافراقلارینی الش یوللاری .

۱) آفتاب چقوب یافراقلار قوروغاندان کیین هم آفتاب اولترشدان الکری یافراقلارنی یغماق لازم .

۲) آفتاب قاتتیغ ائسسب تورغان وقتدا یافراق یغلماسن موندا غ یافراق تیز بوزولب قالادور .

٣) یافراقنی یغیلغاندان کیین باسب قویماسا بولادور. چونکی باسلغان یافراق کیین بوزولادور.

٤) یافراق سالقن و ساف هوالی اویده ساقلانسون.

٥) یامغوردا کیسلکان یافراقلار بولسا شامالّلاتب قوروتلسون.

٦) یغیلغان یافراقلرنی دولەب، اوستنی کورپه یوتقان بلەن یاپلب قویلماسون، موندا‌غ بولغاندا یافراقلار قزب قالادور. بونی بیکەن قورتلار هم کسل بولادور. ممکن قدر یافراقلارنی یایب ساقلاش کیرەك.

## اوجمه - توت درختی‌نك کسللری

اوجمه درختی یاخشی باقلماسا، بچه خل کسل‌که مبتلا بولادور.

١) درختنك ساسیماقی: بوکسل درختنی کیسب یارادار قیلغان یردەن باشلانادور هم هوانك یاردمی بلەن درختنك آراسیغه نم کرب کاواك قیلادور.

٢) یلدیزلاری ساسش: بوکسل درخت اوچون قورقونچلق و یوقوملق بر کسلدور. پیدا بولوشی بلەن درختنك یلدیزلاری آیپاق بولوب قوری باشلایدور و تیزدەن باشقا درختلرغا اوتب اولارنی هم کاردان چیقارادور.

٣) یافراقغا قارا داغ توشمه‌کالك: اگرده درخت یاخشی باقلماسا، یاکی بیك نم یر بولسا، کوزده یافراقلارغا قارا داغلار پیدا بولادور. بوکسلنی یوقالتش‌نك سببی کسل شاخلارنی کیسب تاشلاماق هم تیکیکه توکلکەن غازانکلارنی اوتقا یاقش و کویدورش بلەن بولادور.

٤) قاداق یاکی قایناماکسلی : قایسی بر واقتلاردا ، درختلەرنك زخم تارتقان یەرلەریدەن اوسب چقب چونك دومباق بولادور .
درختدەکی قایناماکسلی نی توکەتمەك اوچون انی کیسب آلیب ، اورنیغا آحاك هم کول بلەن آرالاشدورب قیلغان لای نی سورتەب قویش لازمدور.

اوجمە توت باقش توغریسیدا بعضی بر مصلحتلر.

١) قورت باقماق اوچون اوجمە ( توت ) درختنی تیرماق کیرەك . واقتی بلەن اول کوب فایدا کیترەدور .
٢) اوجمە درختنی تیرب محنتنی آیاماسدان توغری تربیە قیلماق کیرەك . چونکی درخت چونك بولغاچ قیلغان کوچ و محنتنی تولەیدور .
٣) درختنی بیك چونکقورغا تیرماسا بولادور .
٤) بوش و بیکار بولغان یەرلەرنك همەسیکە اوجمە درختی تیرسا بولادو .
٥) درختلرنی بیك تازا قیلب تربیەلەمەك کیرەك .
٦) درختلرنی مال و اولاغلاردان ساقلاماق .
٧) درختلرنی کسل بولشدان ساقلاماق .
٨) درختنك تازا و ترتیبلك حالدە هر بر شاخلاریغا آفتاب و هوا تیکب تورسون .
٩) یافراقنی توغری روشدە یغماق کیرەك یعنی هر قانداغ یول بلەن بولسادا درختکە زیان یتمەسن . یافراق یغماق اوچون ایتیتك باغبان پچاقی و قایچی هم

ئەره بیلەن فایدالانش لازمدور. اما قول بلەن سندرماق یاکی قنكقراق بلەن و یا لەکی بلەن چاپماق توغری ایمەسدور.

١٠) تیز - تیز کتابقا قاراب، اوشبو کتابدا کورسەتلگەن یول و مصلحتلرنی توتماق لازمدور.


## یاقندا باسلاجاق کتابلار.

خدیجه یوسف مظفر طرفندان یازلغان

١) اویغور الفباسی - ٢) یڭکی اویغور الفباسی و لاتین حرفی بلەن ٣) آلتی شهر تاریخی. ٤) حساب کتابی، ٥) اویغولار اوچون روسچه الفبا کتابی

ایفه‌ك ، پاختا ، یونك ، تیمر ، کومر ، کمش ، آلتون
التی شهرده حسابسز جیق‌دور . بزکه حریت
اوقو یوللارینی اچیب طنج تورمش بیرکان هم
اقتصادی قورولوشقا یول آچقان

# چونك‌لریمز

جناب شنك دوبن لی جوشی
خوجه نیاز حاجم لوسلینك شین
جین‌جانك و بیوك قهرمان
محمود سیجانك یاشاسون!

## ترانسپورط - نقلیات

دنیانك هر طرفی بر بیرینه باغلی . بربرندن باشقا هیچ انسان ، یورت ، دولت یاشامایدور .

مینگوی ۳ - آینك ۱۵ نجی کونی . ۲۴ - یل دین باشلاب ینکی دین آچلدی

# " کاشغر ترانسپورط شرکتی "



ایرکشتام آلتای هندستان ترانسپورط اشلرینی یورته‌دور ابتدائی سرمایه یوز مینك سر یارچن بولادور .

رئیس : یوسف قاری نیاز حاجی اوغلی

معاونلر : ملا محمد دهقانبای اوغلی

عیسی آخون امین بك اوغلی

# کاشغر تجارت و صناعت شرکتی.

## مقصدمز

۱) بوتون آلتی شهرده ایفه‌ك، پاختا، یونك تیری کبی ماللارنی آلوب ساتماق.

۲) کزمال کراسین تیمر و غیری ملتکه لازم بولغان اشیانی کیلتروب ساتماق.

۳) کاشغرده ۵۰۰۰ چراغلیك ایلیکتر استانسه‌سی قیلماق، رادیو افتامابیل اشلرینی یولغا سالماق.

۴) هر تورلی فابریکه کانك اشلری توغریسندا ماشینالار آلدوروب اش قیلماق.

کاشغر تجارت و صناعت شرکت اداره‌سی

رئس ابراهیم آخون آخونبایف

معاون محی‌الدن حاجم

مرشا حاجی اوغلی

---

کاشغر.

کشغر شهریده سویدیش میشیون نینک باسمه خانه‌سیدا باسیلدی ۱۹۳۵